# 224152 - نامازنى مەخپىي ۋە ئاشكارا ئوقۇش توغرىسىدىكى دەلىللەر توغرىسىدا

## سوئال

پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى مەخپىي ئوقۇش ۋە بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامىزىنى ئاشكارا ئوقۇش توغرىسىدا قۇرئان-ھەدىستە قانداق دەلىللەر بار؟.بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىزنىڭ مۇشۇنداق يۈكسەك ھىممىتىڭىزگە رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتىمىز، سىزنىڭ مۇشۇ ياشتا تۇرۇپ قۇرئان ۋە ھەدىستىن بولغان دەلىللەرنى بىلىشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىز بىزنى خۇرسەن قىلدى، ئاللاھ تائالادىن سىزگە مەنپەئەتلىك ئىلىم ئاتا قىلىشنى سورايمىز.

ئاللاھ تائالا بىزنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە ئىقتىدا قىلىشقا بۇيرىدى، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً﴾ تەرجىمىسى: **«سىلەرگە- ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە . رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»** [سۈرە ئەھزاب 21-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«مېنىڭ ناماز ئوقۇغۇنۇمنى كۆرگەندەك ناماز ئوقۇڭلار»**.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بامدات نامىزى، شام ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكىتىنى ئۈنلۈك ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن باشقا نامازلارنى مەخپىي ئوقۇغان.

بەزى نامازلارنى ئۈنلۈك ئوقۇشنى ئىپادىلەيدىغان دەلىللەردىن:

-جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شام نامىزىدا تۇر سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم.»** [بۇخارى رىۋايىتى 735-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 463-ھەدىس].

-بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ كىشى: **«مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خۇپتەن نامىزىدا ۋەتتىين ۋەززەيتۇنى سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ چىرايلىق بىر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم»** دەيدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 733-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 464-ھەدىس].

-ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان جىنلارنىڭ ھازىر بولۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن قۇرئان تىڭشىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىستە: **«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا، قۇرئاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتىنى تىڭشىدى،»** دېيىلگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 739-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 449-ھەدىس].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نامازغا ھازىر بولغان كىشىلەر ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىدا قىرائەتنى مەخپىي قىلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەلىللەردىن:

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشىدىن بىرسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدا قىرائەت قىلامتى؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ زات: ھەئە دېگەن، بىز: ئۇنى قانداق بىلەتتىڭلار؟ دېسەك، ئۇ زات: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلىنىڭ ھەرىكەتلەنگەنلىكىدىن بىلەتتۇق»** دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 713-ھەدىس].

بۇنىڭدىن شۇ ئوچۇق بولىدۇكى، قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان نامازلاردا ئۈنلۈك ئوقۇش ۋە مەخپىي ئوقۇيدىغان مەخپىي ئوقۇش ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولۇپ، بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ ھۆكۈمگە بىرلىككە كەلگەن.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە قىرائەت قىلىنىدۇ. **«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە ئاڭلىتىپ ئۈنلۈك ئوقۇغان نامازلارنى بىزمۇ سىلەرگە ئاڭلىتىپ ئۈنلۈك ئوقۇدۇق، بىزگە ئاڭلاتماي مەخپىي ئوقۇغان نامازلارنى بىزمۇ سىلەرگە ئاڭلاتماي مەخپىي ئوقۇدۇق.»** [بۇخارى رىۋايىتى 738-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 396 –ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدە، شام ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، جۈمە نامىزىدا، ئىككى ھېيت نامىزىدا قىرارئەتنى ئۈنلۈك قىلىش سۈننەتتۇر. پېشىن، ئەسىر، شامنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە، خۇپتەننىڭ كېيىنكى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەتنى مەخپىي قىلىش سۈننەتتۇر. بۇنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن، ئوچۇق سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغاندۇر”. [“ئەلمەجمۇئ شەرھىل مۇھەززەب”3-توم 389-بەت].

ئىبنى قۇدامە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: “پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدا قىرائەتنى مەخپىي قىلىش، شام ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە ۋە بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدە قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلىش سۈننەتتۇر. بۇنىڭ ئاساسى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق

قىلغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەرنى ئىلگىرىكى سەلەپ ئالىملىرىدىن كۆپىنچىسى ئالىملار ئەينەن نەقىل قىلغان. ئەگەر نامازدا قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇيدىغان ئورۇنلاردا ئۈنلۈك ئوقۇسا ياكى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان ئورۇنلاردا مەخپىي ئوقۇسا نامىزى توغرا بولسىمۇ سۈننەتنى تەرك قىلغان بولىدۇ". ["ئەل مۇغنى"2-توم 270-بەت].

بۇ ھەقتە كۆپراق مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 13340-65877-67672- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.